# ئاتا- ئانا قىزىنى تۇغماسلىققا بۇيرىسا ئۇلارغا بوي سۇنۇش ۋاجىب بولمايدۇ

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

2013 - 1435

IslamHouse.com

# طاعة الوالدين لا تجب إذا أمرا بترك الإنجاب

« باللغة الأويغورية »


فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني



2013 - 1435

IslamHouse.com

# ئاتا- ئانا قىزىنى تۇغماسلىققا بۇيرىسا ئۇلارغا بوي سۇنۇش ۋاجىپ بولمايدۇ

166428-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بىر ئايال ئۇچىنچى بىر پەرزەنتلىك بولماقچى بولۇپ ئېرىگە مەسلىھەت سالسا، ئەر: سىزنىڭ خالىغىنىڭىزچە بولسۇن دەيدۇ، ئەر-ئايال ئىككىلىسى پەرزەنتلىك بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن. ئەمما ئايالنىڭ ئانىسى بۇنى رەت قىلىپ قىزىنى تۇغماسلىققا تەۋسىيە قىلىپ جىدەللىشىدىكەن، ھەتتا بۇ سەۋەپتىن ئۇ ئايال قىزى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەكچىمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن تۇغامدۇ ياكى ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ تۇغۇتنى چەكلەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى: ئىسلام شەرىئىتى نەسلىنىڭ كوپ بولىشىغا قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىش پرىنسىپىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى ئۈممەتنىڭ غالىبلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ جۈملىسىدىن؛ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولىشى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ قىيامەت كۈنى ئۈممىتىنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. مەقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مېھرى

مۇھەببەتلىك، تۇغۇمچان ئايالالار بىلەن نىكاھلىنىڭلار، چۈنكى مەن باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ كۆپلۈكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن.» [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى ئىرۋائۇل غەلىل ناملىق ئەسەرنىڭ 1784ـ بېتىدە سەھىھ دەپ قەيت قىلىدۇ].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين ـئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ يۇقىرىقى ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلار تاقىتى يەتكىچە نەسلىنى كۆپەيتىشكە تىرىشىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ «مېھرى مۇھەببەتلىك، تۇغۇمچان ئايالالار بىلەن نىكاھلىنىڭلار، چۈنكى مەن باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ كۆپلۈكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن» دېگەن سۆزى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ھەم نەسلىنىڭ كۆپلۈكى ئۈممەتنىڭ كۆپلىكىدۇر، ئۈممەتنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ غالىبلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە ئۆزىنىڭ نېمىتىنى ئەسلىتىپ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا﴾ تەرجىمىسى: «سانىڭلارنى كوپ قىلدۇق» [سۈرە ئىسرا 6ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شۇئەيىب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿وَاذْكُرُوا إِذْ كُنتُمْ قَلِيلًا فَكَثَّرَكُمْ﴾ تەرجىمىسى: «ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار.» [سۈرە ئەئراپ 86ـ ئايەت].

ھېچقانداق ئادەم بىرەر ئۈممەتنىڭ كۆپلۈكى شۇ مىللەتنىڭ غالىبلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئىنكار

قىلمايدۇ. ئۇممەتنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ پەقىر ۋە نامراتلىقنىڭ سەۋەبى دەيدىغان ئادەملەر مەسىلىنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلغۇچىلاردۇر". [ئىسلام پەتىۋالىرى 3- توم 190- بەت].

ئىككىنچى: ئاتا-ئانا قىزنىڭ تۇغۇت چەكلىشىنى بۇيرۇسا، بۇ ۋاقىتتا قىزنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بۇلۇپ:

بىرىنچى سەۋەپ: نەسلىنى كۆپەيتىشنى چەكلەش بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقىغا خىلاپتۇر.

ئىككىنچى سەۋەپ: نەسلى قالدۇرۇش ئەر- ئاياللارنىڭ ئورتاق ھوقوقى بۇلۇپ، ئۈچىنچى بىرشەخسنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئايال ئانىسىغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىشى ۋە ئەڭ گۈزەل مۇئامىلىدە بولىشى كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.